مۇقەددەس كىتاب

# تىموتىيئۇسقا

## يېزىلغان

## بىرىنچى خەت

54

# تىموتىيئۇسقا يېزىلغان
# بىرىنچى خەت

## مۇقەددەس كىتاب - يېڭى ئەھدە
## (ئىنجىل)
## 15-قىسىم

1950-يىلىدىكى «مۇقەددەس كىتاب»نىڭ
ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ھازىرقى زامان
ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزگەرتىلدى

2013
دەسلەپكى نۇسخا

www.dunyaningnuri.com

# تىموتىيئۇسقا يېزىلغان بىرىنچى خەت

## تىموتىيئۇسقا سالام

1 [1] قۇتقۇزغۇچىمىز خۇدانىڭ ۋە ئۈمىدىمىز مەسىھ ئەيسانىڭ ئەمرىگە مۇۋاپىق مەسىھ
ئەيسانىڭ روسۇلى بولغان پاۋلۇستىن [2] ئىماندا ھەقىقىي بالام تىموتىيئۇسقا سالام. ئاتىمىز
خۇدادىن ۋە خۇداۋەندىمىز مەسىھ ئەيسادىن مېھىر-شەپقەت ۋە مەرھەمەت ۋە ئامانلىق بولسۇن.

## ساختا مۇئەللىملەر توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇش

[3] ماكېدونىيەگە بارغىنىمدا ساڭا بۇيرۇغاندەك، ئەمدى يەنە بۇيرۇيمەنكى، سەن ئەفەسۇستا
قېلىپ، بەزىلەرگە، يات تەلىم ئۆگەتمىسۇن [4] ۋە خۇدانىڭ ئىماندىن بولغان تەمىر قىلىنىشقا
مەنپەئەت يەتكۈزمەي، مۇزاكىرە قىلىشقا سەۋەب بولىدىغان ئەپسانىلەرگە ۋە ھەددىسىز
نەسەبنامىلەرگە ئېتىبار قىلمىسۇن دەپ، نەسىھەت بەرگەيسەن. [5] ئەمدى نەسىھەتنىڭ
مۇددىئاسى پاك كۆڭۈلدىن ۋە ساپ ۋىجداندىن ۋە رىياسىز ئىماندىن بولغان مۇھەببەتتۇر.
[6] بۇنىڭدىن بەزىلەر ئېزىقىپ، بىھۇدە سۆزلەرگە مايىل بولدى. [7] ئۇلار تەۋرات قانۇنىنىڭ
مۇئەللىملىرى بولغىلى خالىغىنى بىلەن، خاھى نېمە ئېيتقىنىنى، خاھى جېكىلىگەن
نەرسىلىرى نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇقمايدۇ. [8] تەۋرات قانۇنى ئۆزى تەۋرات قانۇنى تەرىقىسىدە
ئىشلىتىلسە، ياخشى بولغىنىنى بىلىمىز. [9] شۇنى بىلىمىزكى، تەۋرات قانۇنى ئادىللار ئۈچۈن
توختىتىلغان ئەمەس، بەلكى ئاسىيلار ۋە ئىتائەتسىزلەر ئۈچۈن، خۇداسىزلار ۋە گۇناھكارلار
ئۈچۈن، ناپاكلار ۋە پاسىقلار ئۈچۈن، ئاتىسىنى ئۆلتۈرگۈچىلەر ۋە ئانىسىنى ئۆلتۈرگۈچىلەر
ۋە قاتىللىق قىلغۇچىلار ئۈچۈن، [10] زىناخورلار ۋە بەچچىۋازلار ئۈچۈن، ئادەم ساتقۇچىلار ۋە
يالغانچىلار ۋە يالغان ئانت ئىچكۈچىلەر ئۈچۈن ۋە يا ساپ تەلىمگە قارشى بولغان باشقا بىر
ئىش بولسا شۇنىڭ ئۈچۈن تەۋرات قانۇنى توختىتىلغاندۇر. [11] بۇ ھەممىسى، مۇبارەك خۇدانىڭ
ئۇلۇغلۇكى توغرىسىدا بولغان ۋە ماڭا ئامانەت بېرىلگەن ئىنجىلغا مۇۋاپىقتۇر.

## خۇدانىڭ پاۋلۇسقا كۆرسىتىلگەن مېھىر-شەپقىتى

[12] ماڭا قۇدرەت بەرگەن خۇداۋەندىمىز مەسىھ ئەيساغا شۈكۈر قىلىمەن، چۈنكى ئۇ مېنى
ئىشەنچلىك ساناپ، خىزمەتكە سالغان. [13] مەن ئىلگىرى كۇپۇرلۇق قىلىپ جامائەتنى
قوغلاپ زۇلۇم قىلغۇچى بولغان بولساممۇ، ئۇ ماڭا مەرھەمەت بېرىلدى. چۈنكى بۇ ئىشلارنى
ئىمانسىزلىقتا تۇرۇپ بىلمەي قىلدىم. [14] ئەمما خۇداۋەندىمىزنىڭ مېھىر-شەپقىتى، مەسىھ
ئەيسادىكى مۇھەببەت ۋە ئىمان بىلەن تولا زىيادىلاشقاندۇر. [15] بۇ سۆز سادىق ۋە ھەر ۋەجى
بىلەن قوبۇل قىلىنغۇدەكتۇركى، مەسىھ ئەيسا گۇناھكارلارنى قۇتقۇزغىلى دۇنياغا كەلدى ۋە
ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى مەندۇرمەن. [16] لېكىن ئۇنىڭ ئۈچۈن ماڭا مەرھەمەت بېرىلدىكى، ئەيسا
مەسىھ ھەممە كۆڭۈل كەڭلىكىنى ئاۋۋال مەندە ئاشكارا قىلىپ، مېنى ئەبەدىي تىرىكلىك
تاپماق ئۈچۈن ئۆزىگە ئىشەنگەنلەرنىڭ نەمۇنىسى قىلغاي.
[17] ئەزەلىي ۋە ئەبەدىي پادىشاھقا، يەنى ئۆزگەرمەيدىغان ۋە كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان يېگانە خۇداغا
ئەبەدىلەرنىڭ ئەبەدىگىچە ھەمد ۋە شان-شەرەپ بولسۇن. ئامىن.
[18] ئەي بالام تىموتىيئۇس، بۇ بۇيرۇقنى ساڭا بېرىمەنكى، سەن توغرۇلۇق ئىلگىرىدىن
ئېيتىلغان پەيغەمبەرلىك سۆزلەرگە مۇۋاپىق ياخشى جەڭدە كۈرىشىپ، [19] ئىماننى ۋە
پاك ۋىجداننى ساقلىغايسەن. مانا بەزىلەر بۇنى تاشلاپ، ئىمانى كېمىدەك غەرق بولدى.
[20] ھىمېنېئۇس ۋە ئىسكەندەر بۇلاردىندۇر. كۇپۇرلۇق قىلماسلىقنى ئۆگەنسۇن دەپ، ئۇلارنى
شەيتانغا تاپشۇردۇم.

## دۇئا ۋە ئىبادەت

2 [1] ھەممىدىن ئاۋۋال نەسىھەت بېرەرمەنكى، ھەممە ئادەملەر ئۈچۈن، پادىشاھلار ۋە
مەنسىپى بار ھەممىسى ئۈچۈن مۇراجىئەت ۋە دۇئا-تىلاۋەت قىلىنىپ، شۈكۈر
ئېيتىلسۇنكى، [2] تولۇق تەقۋادارلىقتا ۋە ئەدەپلىكتە تىنچ-ئامانلىق بىلەن ئۆمۈر
ئۆتكۈزگەيمىز. [3] شۇنداق قىلمىقىمىز قۇتقۇزغۇچىمىز خۇدانىڭ ئالدىدا ياخشى ۋە
مەقبۇلدۇر. [4] چۈنكى ئۇ ھەممە ئادەملەرنىڭ نىجات تېپىپ، ھەقىقەتنىڭ مەرىپىتىگە
يېتىشىنى خالايدۇ. [5] يالغۇز بىر خۇدا باردۇر ۋە خۇدا بىلەن ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا يالغۇز
بىر ۋاسىتىچى، يەنى ئۇ ئادەم مەسىھ ئەيسا باردۇر. [6] ئۆز تەيىنلىك ۋاقتىدا گۇۋاھلىق
بېرىلگەندەك، ئۇ ئۆزىنى ھەممىلەر ئۈچۈن پىدا قىلدى. [7] مەن ئۆزۈم شۇنىڭغا ئىنجىلنى
يەتكۈزگۈچى ۋە روسۇل بولۇپ تەيىنلەندىم، ئىماندا ۋە ھەقىقەتتە تائىپىلەرنىڭ مۇئەللىمى
بولدۇم. شۇنى دەپ، يالغان ئېيتماي ھەقىقەتنى ئېيتىمەن.
[8] ئۇنىڭ ئۈچۈن خالايمەنكى، ئەر كىشىلەر ئاچچىقلىق ۋە تالاش-تارتىش قىلماي، ھەر
يەردە پاك قوللار كۆتۈرۈپ دۇئا قىلسۇن.

[9] شۇنىڭغا ئوخشاش خالايمەنكى، خوتۇنلار مۇناسىپ ئىگىنلەر كىيىپ، ئۆزىنى ئەدەپ ۋە ئىپپەت بىلەن زىننەتلەندۇرۇپ، چاچ ئۆرۈملىرى، ئالتۇن يا مەرۋايىتلار يا قىممەت باھا كىيىملەر بىلەن ئەمەس، [10] بەلكى ئۆزىنى تەقۋادار سانىغان خوتۇنلارغا كېلىشكۈدەك ياخشى ئەمەللەر بىلەن ئۆزىنى زىننەتلەندۇرسۇن.
[11] خوتۇن ئۆزى تولۇق ئىتائەت ۋە تىنچلىق بىلەن تەلىم ئالسۇن. [12] لېكىن خوتۇنلارنى تەلىم بەرگىلى ۋە ئەر كىشىلەر ئۈستىگە ھۆكۈم يۈرگىلى قويمايمەن، لېكىن ئۆزى تىنچلىق بىلەن تۇرسۇن. [13] چۈنكى ئاۋۋال ئادەم، ئاندىن كېيىن ھاۋا يارىتىلدى [14] ۋە ئادەم ئۆزى ئالدانمىدى، لېكىن ھاۋا ئالدىنىپ خىلاپلىققا چۈشتى. [15] ئەمما خوتۇن ئىماندا، مۇھەببەتتە ۋە پاك-دىيانەتلىكتە ئىپپەتلىك بىلەن مۇستەھكەم تۇرۇپ قالسا، ئۆزى بالا تۇغۇپ، نىجات تاپىدۇ.

## مەسىھىلەر جامائىتىنىڭ يېتەكچىلىرى ۋە خىزمەتچىلىرى

3 [1] بۇ سۆز راستتۇركى، بىركىم يېتەكچى مەنسىپىنى تەلەپ قىلسا، ئۇ ئۆزى ياخشى بىر ئىشنى خالايدۇ. [2] يېتەكچى ئەيىبسىز بولسۇن. ئۆزى بىر خوتۇننىڭ ئېرى بولۇپ، سالماق، ھوشيار، ئەدەپلىك، مېھماندوست ۋە ياخشى تەلىم بېرەلەيدىغان بولسۇن. [3] شارابقا مايىل بولمىسۇن ۋە ئۇرۇشقاق بولماي، بەلكى مۇلايىم بولسۇن. جېدەلچى ۋە تەمەخور بولماي، [4] ئۆز ئۆيىنى ئوبدان بېقىپ، چىڭلىق بىلەن ئۆز باللىرىنى ئىتائەتتە تەربىيە قىلسۇن. [5] چۈنكى ئۆز ئۆيىنى بېقىشنى بىلمىگەن كىشى خۇدانىڭ جامائىتىنى قانداق باقالايدۇ؟ [6] يېتەكچى ئۆزى يوغانلىق قىلىپ، شەيتاننىڭ ھۆكۈمىگە چۈشمىسۇن دەپ، ئىمانغا يېڭى كەلگەن كىشى بولمىسۇن. [7] لېكىن تاشقىرىقىلار تەرىپىدىن ئۇنىڭ ياخشى گۇۋاھلىقى بولسۇن. بولمىسا ئۇ ھاقارەتكە ۋە شەيتاننىڭ تۇزىقىغا چۈشۈشى مۇمكىن.
[8] شۇنداق ھەم جامائەت خىزمەتچىلىرى يوسۇنلۇق بولسۇن. ئۇلار ئىككى تىللىق بولمىسۇن، شاراب ئىچىشكە مەيلى بولمىسۇن ۋە قەبىھ پايدىغا تەمەخور بولماي، [9] پاك ۋىجدان بىلەن ئىماننىڭ سىررىنى ساقلىسۇن. [10] ئەمما بۇلار ئاۋۋال سىناق قىلىنىپ، ئەيىبسىز تېپىلسا، خىزمەت قىلسۇن. [11] شۇنداق ھەم ئۇلارنىڭ خوتۇنلىرى غەيۋەت قىلماي، ئەدەپلىك تۇرۇپ، سالماق ۋە ھەر ئىشتا ئىشەنچلىك بولسۇن. [12] جامائەت خىزمەتچىلىرىنىڭ ھەربىرى يالغۇز بىر خوتۇننىڭ ئېرى بولۇپ، ئۆز باللىرىنى ۋە ئۆيىنى ياخشى باقسۇن. [13] چۈنكى ئوبدان خىزمەت قىلغانلار ئۆزىگە ياخشى مەرتىۋە تېپىپ، مەسىھ ئەيسانىڭ ئىماندا تولا جۈرئەت قىلالايدۇ.
[14] پات يېقىندا سېنىڭ قېشىڭغا كەلگىلى ئۈمىد قىلىپ، بۇنى ساڭا پۈتتۈم. [15] لېكىن ھايال بولسام، خۇدانىڭ ئۆيىدە ئۆزۈڭنى قانداق تۇتۇش كېرەك بولغىنىنى بىلگەيسەن. مانا ئۇ ئۆزى تىرىك خۇدانىڭ جامائىتى بولۇپ، ھەقىقەتنىڭ تۈۋرۈكى ۋە ئۇلىدۇر. [16] تەقۋادارلىقنىڭ

سىرى ھەقىقەتەن ئۇلۇغ ئىكەنلىكى مەلۇمدۇر: ئۇ ئۆزى جىسمدە ئاشكارا بولۇپ، روھتا
ئادىللىقىنى ئىسپاتلىنىپ، پەرىشتىلەرگە كۆرۈنۈپ، خەلقلەرنىڭ ئارىسىدا ۋەز ئېيتىلىپ،
دۇنيادا ئىشىنىلىپ، شان-شەرەپكە كۆتۈرۈلدى.

## ساختا مۇئەللىملەر

4 [1] لېكىن روھ روشەن ئېيتىدۇكى: «كېيىنكى ۋاقىتلاردا بەزىلەر ئىماندىن ئېزىقىپ،
ئازدۇرغۇچى روھلارغا ۋە يامان روھلارنىڭ تەلىمىگە ئەگىشىدۇ. [2] ۋىجدانلىرى داغلىنىپ،
يالغان ۋەز ئېيتقۇچىلارنىڭ رىياسى بىلەن شۇنداق بولۇپ، [3] ئادەملەرنى ئۆيلەنمەكتىن توسۇپ،
خۇدا ئۆزى ئىشەنگەنلەرنىڭ ۋە ھەقىقەتنى تونۇغانلارنىڭ شۈكۈر بىلەن قوبۇل قىلمىقى ئۈچۈن
ياراتقان تائامدىن پەرھىز قىلىشنى بۇيرۇيدۇ. [4] خۇدا ياراتقان ھەر نەرسە ئۆزى ياخشىدۇر ۋە
شۈكۈر بىلەن قوبۇل قىلىنسا، ھېچ نەرسە رەت قىلىنىغۇدەك ئەمەس، [5] چۈنكى خۇدانىڭ سۆزى
ۋە دۇئا بىلەن پاك-مۇقەددەس قىلىنىدۇ.

## ئەيسا مەسىھنىڭ ياخشى خىزمەتكارى

[6] بۇنى بۇرادەرلەرنىڭ خاتىرىسىگە سالساڭ، مەسىھ ئەيسانىڭ ياخشى خىزمەتكارى بولۇپ،
ئۆزۈڭ دىققەت بىلەن ئەگەشكەن ئىماننىڭ ۋە ياخشى تەلىمنىڭ سۆزى بىلەن قۇۋۋەتلىنىپ،
تەربىيە تاپقايسەن. [7] لېكىن كەمپىرلەرنىڭ بىھۇدە ئەپسانىلىرىنى رەت قىلىپ، ئۆزۈڭنى
تەقۋادارلىققا كۆندۈرگىن. [8] چۈنكى بەدەننىڭ كۆندۈرۈلۈشى ئاز ئىشقا پايدىلىقتۇر، لېكىن
تەقۋادارلىق ھەر ئىشقا پايدىلىق بولۇپ، ھازىرقى ۋە كېلىدىغان ھايات ئۈچۈن ۋەدىسى بار.
[9] بۇ سادىق سۆز ۋە ھەر ۋەجى بىلەن قوبۇل قىلىنىغۇدەكتۇر. [10] ھەممە ئادەملەرنىڭ، بولۇپمۇ
مۆمىنلەرنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى بولغان تىرىك خۇداغا ئۈمىدىمىزنى باغلاپ، شۇ سۆزنىڭ
جەھىتىدىن ئىشلەپ كۈرىشىمىز. [11] بۇنى بۇيرۇپ تەلىم بەرگىن.
[12] ھېچكىم سېنى ياش دەپ ساڭا سەل قارىمىسۇن، بەلكى سۆزدە، يۈرۈش-تۇرۇشۇڭدا،
مۇھەببەتتە، ئىماندا ۋە پاكلىقتا مۆمىنلەرگە نەمۇنە بولغىن. [13] مەن كەلگۈچە، ئوقۇپ
بەرگىلى، نەسىھەت بەرگىلى، ۋە تەلىم بەرگىلى كۆڭۈل قويغىن. [14] سەندە بولۇپ جامائەت
ئاقساقاللىرى ئۈستۈڭگە قول قويغىنىدا پەيغەمبەرلىك سۆز بىلەن ساڭا بېرىلگەن مېھىر-
شەپقەت ھەدىيەسىدىن غاپىل بولمىغىن. [15] تەرەققىي قىلىشىڭ ھەممىگە ئاشكارا بولماق
ئۈچۈن، بۇ ئىشلارنى ئويلاپ، كۆڭۈل قويۇپ قىلغىن. تۇرۇپ ياشىغىن. [16] ئۆزۈڭگە ۋە
تەلىمىڭگە دىققەت قىلىپ، بۇ ئىشلارنى توختىماي قىلىپ تۇرغىن. چۈنكى شۇنداق قىلساڭ،
ئۆزۈڭنى ۋە سېنى ئاڭلىغانلارنى قۇتقۇزىسەن.

## تۇل خوتۇنلار

5 [1] قېرىراق كىشىگە قاتتىقلىق قىلماي، بىر ئاتىغا سۆزلىگەندەك ئۇنىڭغا نەسىھەت بەرگىن.
يىگىتلەرگە بۇرادەرلەرگە سۆزلىگەندەك نەسىھەت بەرگىن. [2] قېرىراق خوتۇنلارغا ئانىلارغا
سۆزلىگەندەك ۋە ياش خوتۇنلارغا ھەمشىرىلەرگە سۆزلىگەندەك پاكلىق بىلەن نەسىھەت
بەرگىن.
[3] قارا تۇل خوتۇنلارغا ھۆرمەت قىلغىن. [4] لېكىن بىر تۇل خوتۇننىڭ باللىرى ياكى نەۋرىلىرى
بولسا، بۇلار ئاۋۋال ئۆز ئۆي خەلقىگە ھۆرمەت قىلىپ، ئاتا-ئانىلىرىغا ياخشىلىق ياندۇرۇشنى
بىلسۇن چۈنكى شۇنداق قىلىش خۇدانىڭ ئالدىدا مەقبۇلدۇر. [5] لېكىن يالغۇز قالغان
ھەقىقىي تۇل خوتۇن بولسا ئۆز ئۈمىدىنى خۇداغا باغلاپ، كېچە-كۈندۈز دۇئا ۋە تەلەپتە تۇرىدۇ.
[6] ئەمما ئۆزىنى ئەيش ۋە ئىشرەتكە بەرگەن تۇل خوتۇن تىرىك تۇرغىنى بىلەن ئۆلۈكتەكتۇر.
[7] ئۇلار ئەيىبسىز بولماق ئۈچۈن، شۇنداق تەلىم بېرىپ بۇيرۇغىن. [8] بىركىم ئۆزىنىڭكىلەرنى،
بولۇپمۇ ئۆز ئۆي خەلقىنى باقمىسا، ئۇ كىشى ئۆز ئىمانىنى ئىنكار قىلىپ، ئىمانسىز كىشىدىن
يامانراقتۇر.
[9] بىر تۇل خوتۇن ئاتمىش ياشتىن تۆۋەن بولمىسا ۋە يالغۇز بىر ئەرنىڭ خوتۇنى بولغان بولسا،
[10] ۋە ياخشى ئەمەللىرى ئۈچۈن مەشھۇر بولۇپ، ئۆزى باللار تەربىيە قىلىپ، مۇساپىرلارنى
قوندۇرۇپ، مۇقەددەسلەرنىڭ پۇتلىرىنى يۇيۇپ، تەڭلىك تارتقانلارغا ياردەم بېرىپ، ھەر ياخشى
ئەمەلگە ئەگەشكەن بولسا، خەتلەنسۇن.
[11] لېكىن ياش تۇل خوتۇنلارنى قوبۇل قىلمىغىن، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۆز شەھۋەتلىرىگە
مەيلى بولغاندا، مەسىھتىن تارتىلىپ كەتسە، ئەرگە تەگكىلى خالايدۇ. [12] ۋە ئۇلار ئاۋۋالقى
ساداقەتلىكىنى تاشلىغىنى ئۈچۈن ھۆكۈمگە گىرىپتار بولىدۇ. [13] بۇنىڭدىن باشقا ئۇلار
ھورۇنلۇقنى ئۆگىنىپ، ئۆيدىن ئۆيگە كىرىپ يۈرىدۇ. ئۇلار يالغۇز بىكار يۈرمەي، بەلكى گەپ
توشۇپ، سۇخەنچىلىك قىلىپ نالايىق سۆز قىلىدۇ. [14] ئۇنىڭ ئۈچۈن خالايمەنكى، ياش تۇل
خوتۇنلار ئەرگە تېگىپ، بالا تۇغۇپ، ئۆيىنى بېقىپ، زىت تۇرغۇچىنىڭ دەشنەم قىلىشىغا بىر
باھانە بەرمىسۇن [15] مانا بەزىلەر يېنىپ، شەيتاننىڭ كەينىدىن باردى.
[16] ئەگەر ئىشەنگەن ئەر كىشىنىڭكىدە ياكى ئىشەنگەن خوتۇن كىشىنىڭكىدە تۇللار بار بولسا،
ئۇلارنى جامائەتكە يۈك قىلماي باقسۇن ۋە جامائەت يالغۇز ھەقىقىي تۇل خوتۇنلاردىن خەۋەر
ئالسۇن.

## يېتەكچىلەر ھۆرمەتكە سازاۋەر

[17] ياخشى پېشىۋالىق قىلغان ئاقساقاللار، بولۇپمۇ سۆزدە ۋە تەلىمدە ئىشلىگۈچىلەر
ھۆرمەتنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە لايىق سانالسۇن. [18] چۈنكى: «خامانغا قوشقان ئۆيىنىڭ
ئاغزىنى بوغمىغىن» ۋە: «ئىشلىگۈچى ئۆز ھەققىگە لايىقتۇر» دەپ مۇقەددەس يازمىلاردا

ئېيتىلىدۇ. 19 ئىككى ياكى ئۈچ گۇۋاھى بولمىسا، جامائەتنىڭ بىر ئاقساقىلىنىڭ ئۈستىدىكى ئەرزنى قوبۇل قىلمىغىن. 20 قالغانلار قورقسۇن دەپ، گۇناھ قىلغانلارغا ھەممىسىنىڭ ئالدىدا تەنبىھ بەرگىن. 21 خۇدانىڭ ۋە مەسىھ ئەيسانىڭ ئالدىدا ۋە ئىلغانغان پەرىشتىلەرنىڭ ئالدىدا ساڭا چىڭ نەسىھەت بېرىمەنكى، بۇنى ھېچ كىشىگە يۈز-خاتىرە قىلماي، يان باسماي قىلغايسەن. 22 ئالدىراپ بىر كىشىنىڭ ئۈستىگە قول قويمىغىن. باشقىلارنىڭ گۇناھلىرىغا شېرىك بولمىغىن. ئۆزۈڭنى پاك ساقلىغىن.
23 مۇندىن كېيىن يالغۇز سۇ ئىچمىگىن، بەلكى مېيدەڭ ئۈچۈن ۋە پات-پات ئاغرىق بولغىنىڭ ئۈچۈن ئازغىنا شاراب ئىشلەتكىن.
24 بەزى ئادەملەرنىڭ گۇناھلىرى ئاشكارا بولۇپ، قىلغۇچىلىرىدىن ئىلگىرى ھۆكۈمگە بارىدۇ. بەزىلەرنىڭكى كېيىنرەك ئاشكارا بولىدۇ. 25 شۇنىڭغا ئوخشاش ياخشى ئەمەللەر ھەم ئاشكارىدۇر ۋە ئاشكارا بولمىسىمۇ، پىنھان قالالمايدۇ.

## خىزمەتكارلار ۋە خوجىلىرى

6 1 بويۇنتۇرۇق تېگىدىكى خىزمەتكارلار، خۇدانىڭ ئىسمى ۋە تەلىمى ھاقارەتلەنمىسۇن دەپ، ئۆز خوجىلىرىنى ھەممە ئىززەتكە لايىق سانىسۇن. 2 خوجىلىرى مۆمىن بولسا، خىزمەتكارلار ئۇلارغا بۇرادەر دەپ سەل قارىماي، بەلكى ياخشىلىق قىلغىلى تىرىشىپ، ئامراق مۆمىنلەر بولغىنى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئوبدانراق خىزمەت قىلسۇن. شۇنداق تەلىم بېرىپ نەسىھەت قىلغىن.

## يالغان تەلىم ۋە پۇلپەرەسلىكنىڭ ئاقىۋىتى

3 بىركىم خۇداۋەندىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ ساپ سۆزىگە ۋە تەقۋادارلىققا مۇۋاپىق بولغان تەلىمگە ئىتائەت قىلماي، يات تەلىم ئۆگەتسە، 4 ئۇ ئۆزى ھېچنېمە ئۇقماي، مۇتەكەببۇر بولغاندۇر. ئۇ ھەسەت، جېدەل، دەشنەم ۋە يامان گۇمانلار پەيدا قىلىدىغان بەس-مۇنازىرە ۋە سۆز تالاشتۇرماقلىققا ھېرىس بولۇپ، ئەقلىدىن ئېزىپ، 5 ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا ئۇرۇشماقلىق چىقىرىدۇ. شۇنداق ئادەملەر زېھنلىرىنى بۇزۇپ، ھەقىقەتتىن مەھرۇم قىلىپ، تەقۋادارلىق جىسمانىي پايدا ئۈچۈندۇر دەپ خىيال قىلىدۇ. 6 دەرۋەقە، قانائەت بىلەن بولغان تەقۋادارلىق تولا پايدىلىقتۇر. 7 چۈنكى بىز دۇنياغا ھېچ نەرسە ئېلىپ كېلەلمىدۇق ۋە ھەقىقەتەن ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسە ئېلىپ كېتەلمەيمىز. 8 لېكىن رىسقىمىز ۋە كىيىممىز بولسا، ئۇنىڭ بىلەن قانائەت قىلايلى. 9 ئەمما باي بولۇشنى خالىغانلار ئۆزى ئادەملەرنى ۋەيرانلىققا ۋە ھالاكەتكە گىرىپتار قىلىدىغان سىناقلارغا ۋە تۇزاقلارغا ۋە تولا ئەخمەق ۋە زەرەرلىك شەھۋەتلەرگە چۈشىدۇ.

[10] چۈنكى ھەممە يامانلىقنىڭ يىلتىزى پۇلنى دوست تۇتماقلىقتۇر ۋە بەزىلەر بۇنىڭغا ھېرىس
بولۇپ ئىماندىن ئېزىقىپ، ئۆزىگە تولا دەرد يەتكۈزگەن.
[11] لېكىن سەن، ئەي خۇدانىڭ ئادىمى، شۇنداق ئىشلاردىن قېچىپ، ئادالەتكە، تەقۋالىققا،
ئىمانغا، مۇھەببەتكە، سەۋرگە ۋە مۇلايىملىققا ئەگەشكىن. [12] ئىماننىڭ ياخشى جېڭىنى
قىلىپ، ئەبەدىي تىرىكلىكنى تاپقىلى كۈرەشقىن. ئۇنىڭ ئۆزىگە قىچقىرىلىپ، ياخشى
ئېتىراپىنى تولا گۇۋاھلارنىڭ ئالدىدا ئېتىراپ قىلدىڭ. [13] ھەممىسىنى تىرىلدۈرگۈچى خۇدانىڭ
ئالدىدا ۋە پونتىيۇس پىلاتۇسنىڭ قېشىدا ياخشى گۇۋاھلىقنى بەرگەن مەسىھ ئەيسانىڭ
ئالدىدا ساڭا بۇيرۇيمەنكى، [14] خۇداۋەندىمىز ئەيسا مەسىھ زاھىر بولغۇچىلىك، ئەمرنى داغسىز
ۋە ئەيىبسىز ساقلىغايسەن. [15] ئۇنىڭ ئۆزىنى مۇبارەك يېگانە سەلتەنەت قىلغۇچى، يەنى
پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى ۋە خۇداۋەندىلەرنىڭ خۇداۋەندىسى، ئۆز ۋاقتىدا بىزگە كۆرسىتىدۇ.
[16] ئۇ ئۆلۈمسىزلىكنىڭ يېگانە ئىگىسى بولۇپ، ھېچكىم يېقىن كېلەلمەيدىغان نۇر ئىچىدە
ياشاپ، ھېچبىر ئادەمگە كۆرۈنمىگەن ۋە كۆرۈنەلمەيدىغان خۇدا ئۆزىگە ئىززەت ۋە ئەبەدىي
قۇدرەت بولسۇن. ئامىن.
[17] بۇ دۇنيادا دۆلەتمەن بولغانلارغا بۇيرۇغىنكى، مۇتەكەببۇر بولمىسۇن ۋە باقىي قالمايدىغان
دۆلەتكە ئۈمىد باغلىماي، بەلكى ئىشلىتىپ سۆيۈنمىكىمىز ئۈچۈن بىزگە بېرىلگەن ھەر
نېمەتنى كەڭرىچىلىك بىلەن بەرگەن خۇداغا ئۈمىدىنى باغلىسۇن. [18] ئۇلار ياخشىلىق قىلىپ،
ياخشى ئەمەللەرگە دۆلەتمەن بولۇپ، ئۈلەشتۈرۈشكە مايىل بولۇپ، كۆڭلى كەڭ بولسۇن.
[19] شۇنداق قىلىپ، ھەقىقىي تىرىكلىكنى تاپقىلى، كېلىدىغان ۋاقىت ئۈچۈن ئۆزىگە ياخشى
بىر ئۇل سېلىپ، خەزىنە يىغسۇن.
[20] ئەي تىموتىيۇس، ساڭا تاپشۇرۇلغاننى ساقلاپ، يالغاندىن ئىلىم ئاتالغان خىياللاردىن
چىققان ناپاك ۋە بىھۇدە سۆزلەردىن ۋە مۇخالىپ ئىشلاردىن يۈز ئۆرۈگىن. [21] بەزىلەر شۇنداق
ئىشلارغا قايىل بولۇپ، ئىماندىن ئېزىقىپ كەتتى. مېھىر-شەپقەت سىلەر بىلەن بولسۇن.